## 43458 ـ پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئاچچىقلاتقان كىشى رەسۇلۇللاھنى غەزەپلەندۈرگەن بولامدۇ؟

### سوئال

راپىزىلارنىڭ بەزىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: پاتىمە مېنىڭ بىر پارچەم، ئۇنى غەزەبلەندۈرگەن كىشى مېنى غەزەبلەندۈرگەن بولىدۇ، دېگەن ھەدىسىنى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى گۇناھتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى غەزەبلەندۈرگەنلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى غەزەبلەندۈرگەنلىكتۇر، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى غەزەبلەندۈرگەنلىك ئاللاھ تائالانى غەزەبلەندۈرگەنلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا باتىل ئىش ئۈچۈن غەزەبلەنمەيدۇ، يەنى ئۇ گۇناھتىن پاك دەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ توقۇلمىلىرىغا قانداق جاۋاب بېرىمىز؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شىئە ـ راپىزىلار قۇرۇق دەۋانى كۆپ قىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار تۈرلۈك ۋەھىمىلىك شەك ـ شۈبھىلەرنى كۆپ تارقىتىدۇ. باتىل قاراشلارنى ماھىرلىق بىلەنەھەقىقەتكە ئايلاندۇرىدۇ، ئاندىن بۇ ياسالمىلارنى دەلىل ـ ئىسپات قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر ئارىسىدا تارقىتىدۇ، لېكىن ئاللاھ تائالا دىندا چۈشەنچە ـ ئىدراك ئاتا قىلغان، ئىلىم ئىگىلىرىدىن سوئال سوراشنى ئىلھام قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شەك ـ شۈبھىلىرى، باتىللىرى، ئېتىبارسىز دەلىللىرى ھەرۋاقىت ئاشكارا بولىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سوئالمۇ راپىزىلارنىڭ شەك ـ شۈبھىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ شەك ـ شۈبھىلەرگە تۆۋەندىكى بىر قانچە يوللار بىلەن جاۋاپ بېرىمىز:

بىرىنچى: سوئال سورىغۇچى بايان قىلغان بۇ ھەدىس، شىئە ـ راپىزىلار بۇ ھەدىس ئارقىلىق، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراسىنى تەلەپ قىلىپ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇ مىراس بېرىشنى رەت قىلىپ، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى غەزەبلەندۈردى. ئىش شۇنداق بولىدىكەن؛ ئابابەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى غەزەبلەندۈردى، شۇنداقلا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى غەزەبلەندۈردى شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانى غەزەبلەندۈرگەن بولدى!. مانا بۇ ئۇلارنىڭ جاھىللىقى ۋە دۆتلىكىدىن ئىبارەتتۇر، چۈنكى بۇ ھەدىس ئەسلىدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەققىدە بايان قىلىنغان ھەدىس ئىدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان ھەدىستە، مۇنداق دېگەن: «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ جەھىلنىڭ قىزىنى ئېلىش ئۈچۈن سۆز قىلغاندا، بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: سىزنىڭ قەۋمىڭىز سىزنى ئۆز قىزلىرى ئۈچۈن غەزەپلەنمەيدىكەن دەپ گۇمان قىلىدىكەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ جەھىلنىڭ قىزى بىلەن نىكاھلىنىمەن دەيدۇ دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنبەرگە چىقتى: راۋى ھەدىسنى بايان قىلىپ، مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ شاھادەت كەلىمىسىدىن كېيىن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: ئۇنى خاپا قىلغان كىشىنى مەن ياقتۇرمايمەن، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنىڭ قىزى بىر كىشىنىڭ نىكاھىدا بولمايدۇ. ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ جەھىلنىڭ قىزى بىلەن نىكاھلىنىشتىن ۋاز كەچتى. ئىمام بۇخارىينىڭ رىۋايىتىدە: پاتىمە مېنىڭ بىر پارچەم، پاتىمەنى غەزەپلەندۈرگەن كىشى مېنى غەزەپلەندۈرگەن بولىدۇ. [بۇخارىي رىۋايىتى 3523-، 3556-ھەدىسلەر. مۇسلىم رىۋايىتى 2449-ھەدىس].

ئىلگىرى بايان قىلىنغان رىۋايەتكە نەزەر سالىدىغان بولساق، شۇ ئاشكارا بولىدىكى، ئەگەر بىر كىشىنى سۆكۈش ـ ئەيىبلەش مۇمكىن بولسا، بۇ سۆكۈش ۋە ئەيىبلەش ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كېلىدۇ، چۈنكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسنىڭ بايان قىلىنىش سەۋەبى بولسا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ جەھىلنىڭ قىزى بىلەن نىكاھلىنىشقا رىغبەتلەنگەندە، بۇنى ئاڭلىغان پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا غەزەپلەنگەن، ئۇسۇل ئالىملىرىنىڭ قارىشى بويىچە ھەدىستىكى ئىبرەت خۇسۇسىي سەۋەب بىلەن ئەمەس بەلكى ئومۇمى لەۋزى بىلەن بېكىتىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى يەنە بىر بېكىتىلىش: تېكىستىكە تۈنجى كىرگۈزۈلىدىغان نەرسە يەنە سەۋەبتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق ھالەتتە سەۋەبنى تېكىستتىن چىقىرىۋېتىش مۇمكىن بولمايدۇ. ئەگەر راپىزىلار مۇشۇ ھەدىسنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەيىبلەش ياكى ئۇنىڭغا تەنە قىلىشقا دەلىل قىلىشنى مەقسەت قىلىدىكەن، بۇ ئۇلارنىڭ دۆتلىكى ھەم ھەقىقەتنى ئارىلاشتۇرۇپ بۇ ئەيىبلەش، دەسلەپتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كېلىدۇ.

ئىككىنچى: ھەدىستە كەلگەن غەزەپلىنىش بولسا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بولغان، بۇنىڭدىن شۇ ئىپادىلىنىدۇكى، ھەدىستە بايان قىلىنغان غەزەپلىنىشتىن پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ شىئە-راپىزىلار دەۋا قىلغاندەك مەسۇم ئىكەنلىكى ئىپادىلەنمەيدۇ، بەلكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆز قىزىنىڭ تۇيغۇلىرىغا بەك ئەھمىيەت بىرەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا غەزەپلەنگەن ئىشتىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ غەزەپلىنىدۇ. بۇنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى بۇ ھەدىس ئىسپاتلايدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن پاتىمە مېنىڭ بىر پارچەم، ئۇنىڭغا ئازار يەتكۈزگەن نەرسە، ماڭا ئەزىيەت بولىدۇ. بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىگە قىلىنغان ئەزىيەتتۇر، بۇنىڭ بىلەن شىئە-راپىزىلار دەۋا قىلىۋاتقان گۇناھتىن پاك بولۇش دېگەننىڭ ھېچ مۇناسىۋىتى يوق.

ئۈچىنچى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام يەنە بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېگەن: ماڭا ئىتائەت قىلغان كىشى ھەقىقەتتە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ، ماڭا ئاسىيلىق قىلغان كىشى ھەقىقەتتە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ، مېنىڭ رەھبەرلىرىمگە

ئىتائەت قىلغان كىشى ھەقىقەتتە ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ، مېنىڭ رەھبەرلىرىمگە ئاسىيلىق قىلغان كىشى ھەقىقەتتە ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. [بۇخارى رىۋايىتى 2718-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1835-ھەدىس].

يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىگە ھەتتا راپىزىلاردىن تارتىپ ھەممەيلەن ئىتتىپاقتۇر. بۇ رەھبەرلەرنىڭ مەسۇم-گۇناھتىن-پاك ئىكەنلىكىنى تەقەززا قىلمايدۇ، بەلكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن بەزى رەھبەرلەردىن خاتالىق سادىر بولغان، يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە چەكلەنگەنلىكى مەلۇم بولغان ئىشلاردا خاتالىق سادىر قىلغان. بۇ توغرىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر جايغا ئەسكەر ئەۋەتتى، ئۇلارغا ئەنسارىيلاردىن بىر كىشىنى ئەمىر قىلىپ، باشقىلارنى ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىدى، مەلۇم بىر ئىش سەۋەبىدىن بۇ ئەمىر ئاچچىقلىنىپ قالدى ۋە ئۇلارغا: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سىلەرنى ماڭا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىمىغانمۇ؟ دىدى، ئۇلار: شۇنداق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزنى سىلىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىغان، دېدى. ئەمىر ئۇلارنى ئۆتۈن يىغىپ كېلىشكە بۇيرىدى، ئۇلار ئوتۇن يىغىپ كەلدى، باشلىق: ئوتۇنغا ئوت يېقىڭلار دېدى، ئۇلار ئوتۇنغا ئوت ياقتى، باشلىق ئۇلارنى ئوتقا كىرىشكە بۇيرىدى، ئۇلار ئوتقا كىرىش مەسىلىسىدە ئويلۇنۇپ قالدى، ئۇلار بىر-بىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بىز ئوتتىن قېچىپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئەگەشتۇق دېيىشىپ ئوتقا كىرمەي تۇرۇۋشتى، ئوتمۇ ئاستا-ئاستا ئۆچۈپ قالدى، باشلىقنىڭ ئاچچىغىمۇ يېنىپ قالدى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: ئەگەر ئۇلار ئەمىرگە بويسۇنۇپ ئوتقا كىرگەن بولسا ئىدى تاكى قىيامەتكىچە بۇ ئوتتىن چىقالمايتتى، باشلىققا ئىتائەت قىلىش دېگەن پەقەت ياخشىلىقتا بولىدۇ، دېدى. [بۇخارى رىۋايىتى 4085-ھەدىس. مۇسلىم 1840-ھەدىس].

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام باشلىققا ئىتائەت قىلىشنى پەقەت ياخشىلىقتا بولىدۇ دەپ قەيت قىلدى. پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ غەزەبلىنىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ غەزەبلىنىشى بولىدىكەن، بۇ ئالىملارنىڭ بىرلىكى بىلەن ياخشىلىققا قەيت قىلىنغان. ئەگەر پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ غەزەبلىنىشى ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىنىڭ قارشىسىدا بولسا ئىدى، گەرچە پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاچچىقلانغان تەقدىردىمۇ ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتى تەتبىق قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئەگەر پاتىمە بىنتى مۇھەممەد ئوغۇرلۇق قىلىدىكەن، ئەلۋەتتە مەن ئۇنىڭ قولىنى كېسىمەن. [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ... ئى پاتىمە بىنتى مۇھەممەد! سىلەر ئۆز نەپسىڭلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇڭلار. سىلەر مېنىڭ شەخسى مال-مۈلكۈمدىن نېمىنى سورىساڭلار سوراڭلار، ئەمما مەن سىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئازابىنى توسۇشقا ئىگە بولالمايمەن. [مۇسلىم رىۋايىتى].

بۇ ھەدىسمۇ پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ گۇناھتىن مەسۇم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ["مىنھاج ئەسسۈننەتۇن نەبەۋىييە" ناملىق ئەسەر 4-توم 250-بەتكە قارالسۇن].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.